

# شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش مېھىر ـ مۇھەببەتتە تېيانشاننى ئىللىتىش

## ـــ يېڭى بىر نۆۋەتلىك ساھەلەر بويىچە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى نامايان قىلىش ②



شاڭخەي ياردەم بېرىپ قۇرغان يەكەن ناھىيەسىدىكى يېزا ئىگىلىكى زامانىۋى چوڭ پارنىكى (2017 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى تارتىلغان).

□سۈرەتنى شاڭخەي شەھىرىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابى تەمىنلىگەن

## خېيلۇڭجياڭ: داۋالاش ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىش

□مۇخبىرىمىز جاڭ تىڭ

بىر دوختۇرخانا بىر بۆلۈمگە تۇرتكە بولدى، بىر ئىختىساس ئىگىسى بىر بۆلۈمگە يېتەكچىلىك قىلدى، بىر بۆلۈم بىر جايدىكى ئاممىغا مۇلازىمەت قىلدى. خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابى «ئادەمنى كۆچەيتىش»نى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، «ئاربىلاشما شەكىل»دە ئۆمەك تەشكىللەپ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنى ئالغا سىلجىتتى؛ «بۆلۈمنى كۈچەيتىش»نى مەۋقە قىلىپ، «مۇستەقىل شەكىل»دە ئۆمەك تەشكىللەپ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنى ئالغا سىلجىتتى؛ «دوختۇرخانىنى كۈچەيتىش»نى تىرەك نۇقتىسى قىلىپ، «ئاپپارات شەكلى»دە ئۆمەك تەشكىللەپ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنى ئالغا سىلجىتتى؛ «كەسىپنى كۈچەيتىش»نى ماكان نۇقتىسى قىلىپ، «ھەمبەھرە شەكىل»دە ئۆمەك تەشكىللەپ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنى ئالغا سىلجىتتى. «تۈتىنى كۈچەيتىش» داۋالاش «ئۆمەك تەشكىللەش شەكلى»دىكى خىزمەت ئەندىزىسى ياردەم بېرىۋاتقان ۋە ياردەمگە ئېرىشۋاتقان ئىككى تەرەپنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغىدى.

2017 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن باشلاپ، خېيلۇڭجياڭ ئىلگىرى كېيىن بولۇپ ئىككى تۈركۈمدە 204 نەپەر «ئۆمەك تەشكىللەش شەكلى»دىكى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش داۋالاش ئىختىساس ئىگىلىرىنى شىنجاڭغا كىرگۈزۈپ، ئالتاي ۋىلايىتىدىكى ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار ھەم قارىمىقىدىكى ئۈچ ناھىيە ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 10 ـ شىسى بېيتۈن دوختۇرخانىسىغا «ئۆمەك تەشكىللەش شەكلى»دە نىشانلىق ياردەم بېرىشنى يولغا قويدى.

ئىختىساسلىقلار دوختۇرخانىلارنىڭ ئەڭ كەم بولسا بولمايدىغان بايلىقى. شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئالدىنقى سەپ

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

تېخىمۇ كۆپ مەزمۇننى ئىگىلىمەك كودنى سكانىرلاپ كۆرۈڭ

## شاڭخەي: تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىش جاسارەت بىلەن ئالدىدا مېڭىشقا تىرىشىش

□مۇخبىرىمىز خەن چىنيەن

شاڭخەي بىلەن قەشقەر، 5000 كىلومېتىر ئارىلىق، تۈپتىن ئوخشىمايدىغان يەر شەكلى ۋە مەنزىرە. «خاراكتېر» پەرقى بەكلا چوڭ ئىككى شەھەر شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش سەۋەبلىك ئۈزۈلمەس رىشتە باغلىدى.

يېڭى بىر نۆۋەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش باشلانغاندىن بۇيان، شاڭخەينىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلىرى تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، كەسپىنى قەدىرلەپ تۆھپە قوشۇپ، قەشقەرنى ئىشىك ئالدىدىلا ياخشى دوختۇرخانا، تاغ ئېتىكىدە يېڭى مەكتەپ، چۆلدە كەسپلەر باغچىسى...غا ئىگە قىلدى.

«بىر ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، پۈتۈن ئائىلىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش» شاڭخەي شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشتە ئوتتۇرىغا قويغان جاراڭلىق شوئار. 2010 ـ يىلدىن بۇيان، شاڭخەي شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشتە 355 كەسپ تۈرىنى يولغا قويدى، 4 مىليارد 519 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى؛ سودىگەر ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش تۈرىدىن جەمئىي 1144نى تاماملاپ، 60 مىليارد 500 مىليون يۈەن مەبلەغنى نەقلەشتۈردى، 2017 ـ، 2018 ـ يىلدىن ئىبارەت ئىككى يىلدىلا، شاڭخەي قەشقەردىكى تۆت ناھىيەنىڭ كەسپلىرىگە نىشانلىق ياردەم بېرىپ، 265 مىڭ ئادەمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا بىۋاسىتە تۈرتكە بولدى.

24 ياشلىق تۇنساگۈل تۇرغۇن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرى، ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى.

«ئىشىك ئالدىدىلا ئىشلىسەم، ھەم بالامنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالايمەن، ھەم ئىشلەپ پۇل تاپالايمەن، ناھايىتى قولايلىق!» تۇنساگۈل مۇنداق دېدى: «مەن بىر كەنت ئاھالىسى، تىككەن كىيىملىرىمنى چەت ئەللىكلەر كىيسە ئۆزۈمنى ناھايىتى قالتىس ھېس قىلىمەن».

2018 ـ يىلى شاڭخەينىڭ نىشانلىق ياردىمىدە قەشقەرنىڭ تۆت ناھىيەسىدە يېڭىدىن 136 مىڭ 100 ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، 221 مىڭ 100 نامرات ئاھالە يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئۇنىڭ ئىچىدە، كارخانىلاردا مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلار 48 مىڭ 700 ئادەم.

شاڭخەينىڭ كەسپلەر ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى ھازىر «بېلىق بېرىش»تىن «بېلىق تۇتۇشنى ئۆگىتىش»كە ئۆزگىرىپ، يەرلىكتىكى كادىرلار، ئاممىغا نۇرغۇن ئىلھام بەرمەكتە.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

## جياڭسۇ: بايلىقتىن ھەمبەھرلىنىش چىن ھېسسىيات بىلەن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش

□مۇخبىرىمىز ليۇ دۇڭلەي

يېڭى بىر نۆۋەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، نۇرغۇنلىغان ئىرادىلىك، يىراقنى كۆزلىگەن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئىختىساسلىقلىرى جياڭسۇ تۈپرىقىدىن ئىلى دەرياسى ۋادىسى ۋە پامىر ئېگىزلىكىگە ئاتلىنىپ، ياردەمگە ئېرىشۋاتقان جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر ھەم ھەر مىللەت ئاممىسى بىلەن بىرلىكتە، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنىڭ سەلتەنەتلىك ناخشىسىنى ئورتاق يېزىپ چىقتى.

7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، غۇلجا ناھىيەسى «جياڭسۇ نەنتۇڭ يېنىك توقۇمىچىلىق كەسپلەر باغچىسى»دىكى غۇلجا سەنرۇن كىيىم ـ كېچەك زاۋۇتىدا، ئەزىزگۈل پىشقان ماھارىتى بىلەن شىم تىكىۋاتاتتى. ئۇ ئېھتىمال ئۆزى تىككەن شىملارنىڭ بىر ھەپتىدىن كېيىن ياپونىيە بازىرىدا پەيدا بولىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغان بولۇشى مۇمكىن.

ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا، ئەزىزگۈل تېخى ئۆيدە بىكار ئولتۇرىدىغان دېھقان بولۇپ، پەقەت ئاتا ـ ئانىسىغا ياردەملىشىپ ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشىپ بېرەتتى. بۇ يىلنىڭ بېشىدا، تېخنىكا ـ ماھارەت بويىچە تەربىيەلىنىش ئارقىلىق، ئۇ بىر دېھقاندىن سانائەت ئىشچىسىغا ئايلاندى. بۈگۈنكى كۈندە، ئۇ زاۋۇتنىڭ رىتىمىغا كۈنۈپ بولدى، «ناۋادا يەنە ئۆيگە قايتىپ بىكار ئولتۇرسام كۆنەلمەيمەن» دېدى ئۇ.

ئومۇميۈزلۈك نامراتلارنى يۆلەش پىلانىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ياردەمگە ئېرىشۋاتقان جايلاردىكى ئاممىنىڭ تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرتمەكتە. جياڭسۇنىڭ ئىلىغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىپ نامراتلارنى يۆلەش ئۈچ يىللىق ھەرىكەت پىلانىنى تۈزۈپ، كەسپلەر ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، مائارىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، ساغلاملىق ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

## جېجياڭ: يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشۇش بەخت تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇش

□مۇخبىرىمىز جاڭ جىلى

يىراق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش يولى، قويۇق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش مېھرى.

يېڭى بىر نۆۋەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان تۈركۈم ـ تۈركۈم كادىرلىرى، ئىختىساسلىقلىرى ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي، نىشانلىق ياردەمگە ئېرىشۋاتقان جايلارغا تۇر، مەبلەغ، تېخنىكا، ئىدىيە ئېلىپ كېلىپ، نىشانلىق ياردەمگە ئېرىشۋاتقان جايلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشتى، يېڭى ھاياتىي كۈچنى ئۇرغۇتتى.

يېقىندا، تەيجوۋ شەھىرىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش قوماندانلىق ئىشتابى 6 مىليون يۈەن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش مەبلىغى سېلىپ ياردەم بېرىپ قۇرغان ئارال شەھەرلىك مەدەنىيەت (كىتاب) سارىيىنىڭ 2 ـ قارارى رەسمىي ئېچىلدى، بۇ تۇردە مەدەنىيەت (كىتاب) سارىيىدا يېڭىدىن 60 مىڭ پارچە كىتاب، 200 مىڭ پارچە ئېلېكتىرونلۇق كىتاب كۆپەيدى. سارايدا يەنە كىتاب ساقلاش رايونى، ئاممىۋى كىتاب ئوقۇش زالى، كىتاب ئېلىش پونكىتى، ئىستىراھەت كىتاب ئوقۇش كارىدورى قاتارلىق ئىقتىدار رايونلىرى تەسىس قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە، دېڭىز ـ ئوكيان رەسىم سىزىش رايونى، تۇراقلىق ئىبارە بويىچە بەسلىشىش رايونى، قالتىس يۈگۈرۈش ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش رايونى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە ئەقلىي ئاچىدىغان بەدەن سېزىمى ھەمتۆرتكە ئۈسكۈنىسى سەپلىنىپ، بالىلار ۋە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئىنتايىن ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتى.

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش قوماندانلىق ئىشتابى پارتكومنىڭ شۇجىسى، قوماندان ۋاڭ تۈگلىن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش قوماندانلىق ئىشتابى 2019 ـ يىلنى جېجياڭنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنى «مۇستەھكەملەش، ئۆستۈرۈش يىلى» قىلىپ بېكىتىپ، نۇقتىلىق ھالدا ئۇللۇق ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىگە قاتتىق كۈچەپ،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

## ئەنخۇي: «ئۈچ ئاتلىق ھارۋا» ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئورتاق ئىلگىرى سۈرۈش

□مۇخبىرىمىز لى داۋجۇڭ، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز ۋاڭ شىنيۇ

يېڭى بىر نۆۋەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش قوماندانلىق ئىشتابى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، كىرىمنى ئاشۇرۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى زىچ چۆرىدەپ، باشقا جايغا كۆچۈرۈپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۆز جايىدا، يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت «ئۈچ ئاتلىق ھارۋا» ئارقىلىق، گۇما ناھىيەسىدىكى 62 نامرات كەنت، 19 مىڭ 924 ئائىلىلىك 85 مىڭدىن كۆپرەك ئادەمنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا كۈچ قوشۇپ، نىشانلىق ياردەمگە ئېرىشۋاتقان جايلارنىڭ قەرەلىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى.

6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، گۇما ناھىيەسىنىڭ مۇكۇيلا يېزىسى خېجيا يېڭى كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى بۇزەينەپ مەتتوختى پارنىكتا شوخلا ئۈزۈۋاتاتتى. پارنىكتا ئەمگەك قىلىپ، ئۇ ھەر ئايدا 1000 يۈەندىن كۆپرەك پۇل تاپىدۇ. ئۇنىڭ ئېرى سۇ، پار خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئايدا 4000 يۈەن مائاش ئالىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، بۇزەينەپكە كۆچۈرۈلگەن نۇقتىدا يەنە بىر كۆكتات پارنىكى، ئۈچ مو يەر ۋە 80 كۋادرات مېتىرلىق بىر قوتان تەقسىم قىلىندى.

خېجيا يېڭى كەنتىدىكى ئىككى باشقا جايدىن كۆچۈرۈش نۇقتىسىدا، 1816 ئائىلىلىك 8100دىن ئارتۇق نامرات ئاھالە «كۆچۈپ چىقالايدىغان، مۇقىم تۇرالايدىغان، ئىشقا ئورۇنلىشالايدىغان، بېيىيالايدىغان بولۇش» نىشانىنى ئىشقا ئاشۇردى.

«ھەر ئايدا قولۇمغا 4000 يۈەندىن كۆپرەك پۇل تېگىدۇ، مېنىڭ بۇ يەردىكى خىزمىتىم ناھايىتى ياخشى!» يېقىندا، گۇما ناھىيەسىدىكى ئەنخۇي سانائەت باغچە رايونى خوتەن خەيلو شەكىللىك ماتېرىيال چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ زاۋۇت ئۆيىدە، ئەمدىلا ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈۋاتقان ئىشچى گۈلبەھرەم ئابلىكىم مۇخبىرغا شۇنداق دېدى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

## فۇجيەن: مېھىر ۋە ئەقىل بېغىشلاش مەردانە، كۈچلۈك بولۇش

□مۇخبىرىمىز گەي يوۋجۈن، سانجى مۇخبىرلار پونكىتىدىن ليۇ چيەن

فۇجيەن بىلەن بولغان ئارىلىقى 4000 كىلومېتىردىن ئاشىدىغان سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدا، فۇجيەن ئاممىلىرى ۋە كۈچلىرى ئۈزلۈكسىز قوشۇلماقتا. كەسپلەر ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشتىن يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشكىچە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقىچە فۇجيەننىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش قەدىمى مەردانە، كۈچلۈك بولدى.

2017 ـ يىلدىن بۇيان، فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ 7 ـ تۈركۈمدە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان خىزمەت ئەترىتىدىكى 197 كادىر، ئىختىساس ئىگىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، تۈرلەر ئارقىلىق ياردەم بېرىپ قۇرۇش، كەسپلەر ئارقىلىق تۈرتكە بولۇش، ئىختىساسلىقلار ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش، ئالاقىلىشىش، ئالماشتۇرۇش، ئارىلىشىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىشتا دىققەتنى كۈچەشكە مەركەزلەشتۈرۈپ، شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى.

كەسپلەر ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش سانجى ئوبلاستى ئىقتىسادىنىڭ «بېيىنى چىڭىتىپ، سۆڭىكىنى زورايتتى». 2017 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، سانجى ئوبلاستى فۇجيەن سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ، سودا ئارقىلىق سودىگەر جەلپ قىلىش سۈپىسى بەرپا قىلىپ، سانجى ئوبلاستىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى پائال ئىلگىرى سۈردى. 2018 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 20 ـ كۈنىگىچە،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)



فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ 7 ـ تۈركۈمدە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان داۋالاش مۇتەخەسسىسى قۇتۇبى ناھىيەسىنىڭ ئەرشلىدەن بازىرى ئەرشلىدەن كەنتىدە خالىس كېسەل كۆرمەكتە (2018 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تارتىلغان).

□ سۈرەتنى فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش قوماندانلىق ئىشتابى تەمىنلىگەن



6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، ئەنخۇي ئۆلكىسىدىن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشكە كەلگەن ئوقۇتقۇچى گۇما ناھىيەلىك كەسپىي تېخنىكا مەكتىپىدە ئوقۇغۇچىلارغا كىيىم تىكىش تېخنىكىسىنى چۈشەندۈرمەكتە.

□ سۈرەتنى ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابى تەمىنلىگەن



6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ چۈجوۋ شەھىرى ياردەم بېرىپ قۇرغان ئۇچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ ئاقيار بازىرى كۆچۈرمە كەنتىدىكى كىچىك، ئوتتۇرا كارخانىلار ئىگىلىك تىكلەش باغچىسىدا ئاقسۇ دىڭلۇڭ باش كىيىم چەكلىك شىركىتىنىڭ ئايال ئىشچىلىرى خىزمەت قىلماقتا.

□يۇ ليۇدۇڭ فوتوسى



7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، جياڭسۇ ئۆلكىسى ياردەم بېرىپ ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرگەن قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق كۇتۇپخانا قايتىدىن ئېچىلدى.

□مۇخبىرىمىز ئۆتكۈر نىجات فوتوسى



خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىدىن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشكە كەلگەن ئوقۇتقۇچى خەن مېڭلېي ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەجرىبە ئىشلەشكە يېتەكچىلىك قىلماقتا (2018 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى تارتىلغان).

□ليۇ مېي فوتوسى